## 33624 ـ ناماز ئىچىدە رەكئەت ساندىن شەكلىنىش

### سۇئال

بەزى چاغدا ناماز ئوقۇۋاتقاندا خاتالىشىپ، ئۆزەمنىڭ نەچچە رەكئەت ناماز ئوقۇغانلىقىمنىمۇ بىلەلمەي قالىمەن. بۇنداق چاغلاردا نامازنى توختىتىپ قايتا ئوقۇشۇم كېرەكمۇ، ياكى داۋاملاشتۇرۇپ ئوقۇۋېرىشىم كېرەكمۇ؟

### تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا خاستۇر. شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئەل ئۇسەيمىيندىن يۇقارقى سوئال سورالغاندا ئۇ مۇنداق جاۋاب بەرگەن: توغرا بولغان قاراشقا ئاساسلانغاندا خاتالىشىش بىلەن ئۇنىڭ نامىزى بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ. كىشىلەر دائىم ئىختىيارسىزلا نامىزىدىن شەكلىنىپ قالىدۇ. پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە نامازدا شەكلىنىپ قېلىشقا دائىر شەرئەت ھۆكۈملىرىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن. شەك ئىككى خىل بولىدۇ:
بىرىنچى:قانچە رەكئەت ئوقۇغىنىنى بىلەلمەي قېلىش، لېكىن كۆڭلىدە مەلۇم بىر سانغا مايىل بولۇش. بۇنداق ئەھۋالدا شەكلەنگۈچى ئۆزى مايىل بولغان رەكئەت سانىنى مۇقىملاشتۇرۇپ نامىزىنى ئادا قىلىدۇ.
سالام بېرىپ نامازدىن چىققاندىن كېيىن ئىككى سەجدە قىلىش بىلەن سەھۋەنلىك سەجدىسى قىلىدۇ.
ئىككىنچى: قانچە رەكئەت ئوقۇغىنىنى بىلەلمەي قېلىش، لېكىن كۆڭلىدە ھېچقايسى بىر سانغا مايىل بولماسلىق. بۇنداق ئەھۋالدا ئۆزى ئىشەنچ قىلغان ئاز ساندىكى رەكئەت سانىنى ئاساس قىلىپ نامىزىنى ئادا قىلىدۇ. چۈنكى بۇنى چوقۇم ئوقۇغان، بۇنىڭدىن كۆپىگە ئىشەنچ قىلالمايدۇ. ئاندىن سالام بېرىشتىن ئىلگىرى ئىككى قېتىم سەھۋەنلىك سەجدىسى قىلىپ ئاندىن نامازدىن چىقىدۇ.